# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 10 ـ ئاي

13

سەيشەنبە

维吾尔文 10月13日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25213 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


### جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ سېنېگال زۇڭتۇڭى سال بىلەن بىرلىكتە تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرىنىڭ ئافرىقا تەرەپ ئورتاق رەئىس دۆلىتى سېنېگال زۇڭتۇڭى سال بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ بىلەن سال تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى قۇرۇلغىنىغا 20 يىل بولغان پەيتتە، جۇڭگو بىلەن سېنېگال مۇنبەرنىڭ جۇڭگو تەرەپ ۋە ئافرىقا تەرەپ ئورتاق رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كەڭ ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ مۇھىم ھەم ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە پەيتنى تەبرىكلەشنى خالايدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە سىياسىي پارتىيەنىڭ مەسئۇلىيىتى» خەلقئارا نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە سىياسىي پارتىيەنىڭ مەسئۇلىيىتى» خەلقئارا نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ فۇجوۋ شەھىرىدە ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو دۆلەت نامراتلارنى يۆلەش كۈنى ۋە خەلقئارا نامراتلىقنى تۈگىتىش كۈنى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە سىياسىي پارتىيەنىڭ مەسئۇلىيىتى» خەلقئارا نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن فۇجوۋدا ئېچىلدى، مەن يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نامراتلىقنى تۈگىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇھىم بۇرچى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىسى قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىدۇق، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان جۇڭخۇا مىللىتىنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇۋاتقان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى پات ئارىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىنىدۇ. بىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى»دىكى نامراتلار سانىنى ئازايتىش نىشانىنى مۇددەتتىن ئون يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىگە نىسبەتەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە نىسبەتەن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئۇلۇغ ئىشنى تاماملاشقا ئىشەنچىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ تېلېگرامما ئەۋەتىپ راخماننىڭ تاجىكىستاننىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ راخمانغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ تاجىكىستان ئىككى دۆلەت تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش ياخشى قوشنىلار، بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولىدىغان ياخشى دوستلار، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان ياخشى ھەمراھلار.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چوڭ بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتنىشىدۇ ھەم مۇھىم سۆز قىلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شېنجېن، 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنجېن شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتنىشىدۇ ھەم مۇھىم سۆز قىلىدۇ.

شۇ چاغدا، مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى، شىنخۇا تورى يىغىننى نەق مەيداندىن بىۋاسىتە تارقىتىدۇ، خەلق تورى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تورى، جۇڭگو تورى قاتارلىق مەركەزنىڭ نۇقتىلىق ئاخبارات تور بېكەتلىرى ۋە خەلق گېزىتى تېرمىنالى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېرمىنالى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات تېرمىنالى قاتارلىق يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرى ماس قەدەمدە ئۇلاپ تارقىتىدۇ.

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

### ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرەيلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

» 4 ـ بەتتە

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت نىزامىنى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت نىزامى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «نىزام» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «نىزام»نى تۈزۈش، چىقىرىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىر زور ئىش، پارتىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشتە، ئەڭ مۇھىمى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداش؛ پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئەڭ ئاچقۇچلۇقى «ئىككىنى قوغداش» تۈزۈم كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. «نىزام»دا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى تۈپ مىزان قىلىنىپ، ئۇزاقتىن بۇيانقى، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى چوڭقۇر يەكۈنلىنىپ، مەركىزىي كومىتېت خىزمىتىنى كۈچەيتىش كۆزدە تۇتۇلۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى، رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى، رەھبەرلىك خىزمەت ھوقۇقى، رەھبەرلىك شەكلى، تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، ئۆز قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مەركىزىي كومىتېت، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار «نىزام»نى قاتتىق ئىجرا قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قوغدىشى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەيلى

## —— 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولىدىغان نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، «شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى. بۇ ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ مىزانى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك.

قەدىمدىن بۇيان چېگرا رايون مۇقىم بولسا، دۆلەت ئەمىن تاپقان؛ چېگرا رايون قالايمىقان بولسا، دۆلەتنى ئەمىن تاپقۇزۇش تەس بولغان. شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلەنگەن ـ ئىشلەنمىگەنلىكىدە ئەڭ ئاساسلىقى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقىغا، تىنچ ـ ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەت، ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت ۋەزىيىتىنىڭ ساقلانغان ـ ساقلانمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شاڭخەي شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە، شاڭخەي شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى گۇڭ جېڭ شاڭخەي شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، ئىككى جاينىڭ ھەمكارلىقى، ئالماشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن سۆھبەت يىغىنى ۋە ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەچتە، شاڭخەينىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى يەكەن ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شىنجاڭدا ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان كېۋەز يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈشتە بۆسۈش بولدى

## ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان پاختىنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جېڭ جونىڭ** 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غەربىي شىمال ئىچكى قۇرۇقلۇق پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونى ماشىنا بىلەن پاختا يىغىۋېلىش ئۇنىۋېرسال دېھقانچىلىق تېخنىكىسى يۈرۈشلۈك تېخنىكىلار نەق مەيدان يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە: شىنجاڭ ئۆزى تاللاپ يېتىشتۈرگەن ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان كېۋەز يېڭى سورتىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 690 كىلوگرامدىن ئېشىپ، سۈپەت جەھەتتە قوش 31 ئۆلچەمگە يېتىپ، ئىلگىرىكى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان پاختىنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلگەن.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى لى شۆيۈەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، نۆۋەتتە ئالىي دەرىجىلىك پاختا يېپ ئىشلەپچىقىرىدىغان

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)




□制图/新疆日报视觉中心 陈 潇

# يېزا ئىگىلىكى پۈتۈن جەريانلىق، ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلىشىشقا ئاتلاندى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانلىق ماشىنىلىشىشى ۋە چارۋىچىلىق، باغ ـ ئورمانچىلىق، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلىشىش مۇساپىسىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. 2016 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 20 مىليون 625 مىڭ 700 كىلوۋاتتىن 22 مىليون 768 مىڭ 800 كىلوۋاتقا كۆپەيدى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش سەۋىيەسى 66.04% تىن 68.57% كە يەتتى، ماشىنىلىشىش پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئاساس ۋە تىرەككە ئايلاندى.

پاختا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئەنئەنىۋى ئەۋزەل كەسىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ماشىنىلاشقان يىغىۋېلىش كۆلىمى «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)